# شى جىنپىڭ جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى



9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئەمدىلا 2019 ـ يىللىق دۇنيا لوڭقىسى ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونلۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى، تىرېنېرلار ۋەكىللىرىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىشقا مەخسۇس تەكلىپ قىلدى ھەم يىغىندىن بۇرۇن ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ خۇا فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 13 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا لوڭقىسى ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىسىدە، سىلەر 11 مەيدان ئۇدا غەلىبە قىلىشتەك كىشىنى پەخىرلەندۈرىدىغان نەتىجە بىلەن چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈرۈپ، چېمپىيونلۇقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ساقلاپ قېلىپ، ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈردۈڭلار. سىلەر كۈچلۈك رەقىبلەردىن قورقماي، جاسارەت بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلىپ، خىسلەتىڭلارنى جارى قىلدۇرۇپ، سەۋىيەڭلارنى نامايان قىلدىڭلار، بىر ئايالىما بۇرۇنلا چېمپىيونلۇقىڭلار بېكىتىلىپ بولغان ئەھۋالدا، سىلەر ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان مۇسابىقىدە قىلچە بوشاڭلىق قىلمىدىڭلار، رەقىبىڭلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزۈڭلارنى ھۆرمەتلەپ، ھەربىر توپنى ياخشى ئويناشتا چىڭ تۇرۇپ، ئولىمپىك روھى ۋە جۇڭخۇا تەنتەربىيە روھىنى ناھايىتى ياخشى شەرھلىدىڭلار. جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى 5 ـ قېتىم دۇنيا لوڭقىسى ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 10 ـ قېتىم دۇنيا ۋالىبول مۇسابىقىسىنىڭ «ئۈچ چوڭ مۇسابىقە»سىدە چېمپىيونلۇقنى شەرەپ بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مىللىي ئىشەنچى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا لوڭقىسى ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىسى مەزگىلىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى سىلەرگە دىققەت قىلدى، ھەربىر مەيدان مۇسابىقىدە مىليونلىغان خەلق سىلەرگە مەدەت بەردى. 38 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى تۇنجى قېتىم دۇنيا چېمپىيونلۇقىنى قولغا كەلتۈرگەندە، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن قاتتىق ھاياجانغا چۆمگەنىدى، مىليونلىغان تاماشىبىننىڭ كۆزى ياشقا تولغانىدى. جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى «ئۇدا بەش قېتىم چېمپىيون» بولغاندا، ھەممە كىشى ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۆرگەنىدى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنى ياخشى كۆرۈشى سىلەرنىڭ چېمپىيون بولغانلىقىڭلاردىنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى، سىلەرنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدا ۋەتەننى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش، مەڭگۈ يېڭىلمەسلىكتەك روھىي قىياپىتىڭلارنى نامايان قىلغىنىڭلاردىن بولدى. ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى روھى بىر دەۋرنىڭ روھىغا ۋەكىللىك قىلىپ، جۇڭخۇانىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك كۈچلۈك دەۋر ساداسىنى ياڭراتتى. ئاددىيلىق ئۇلۇغلۇقنى يېتىلدۈرىدۇ. سىلەر ھەر كۈنى مەشىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چىشىڭلارنى چىشلەپ يارىلىنىش ۋە ئاغرىقنى يېڭىپ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۈن ـ تىنسىز بەرداشلىق بەردىڭلار، بولۇپمۇ پەسكويى ھالەت مەزگىلىدىمۇ يەنىلا بىر تۈركۈم كىشى ئۈن ـ تىنسىز خىزمەت قىلىپ، جاۋابقا ئېرىشىش بىلەن ھېسابلاشمىدى. دەل مۇشۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەر بولغاچقا، جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىسى قولغا كەلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتا، ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تېپىش زۆرۈر. تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، يېڭى دەۋردىكى ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تەنتەربىيە، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى خەلقنىڭ ساغلاملىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا تەنتەربىيە روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسى بىلەن بازار مېخانىزمىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردە دۆلىتىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ داۋاملىق غەيرەت قىلىشىنى، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، سىلەرنىڭ دۇڭجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭلارغا ئىنتىزارمەن.

2019 ـ يىللىق دۇنيا لوڭقىسى ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىسى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ياپونىيەدە ئۆتكۈزۈلدى، جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى 11 مەيدان ئۇدا غەلىبە قىلىشتەك ئەلا نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيا لوڭقىسىنىڭ چېمپىيونلۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ساقلاپ قالدى. باش شۇجىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ ھەم سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى، تىرېنېرلىرى ئىنتايىن ھاياجانلاندى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، باش شۇجىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى ئۈچۈن زور ئىلھام. چوقۇم باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەغرۇرلانماي، ئالدىراقسانلىق قىلماي، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىمىزنى ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز جان تىكىپ ئېلىشىپ، كۈرەش قىلىپ، يېڭى، تېخىمۇ ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىمىز.

دىڭ شۆشياڭ، سۇن چۈنلەن ۋە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭنىڭ «مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

# كۈرەش قىلىشنىڭ تارىخىي داستانى گۈللىنىشنىڭ ئۇلۇغ كۈچى

## ـــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

70 يىل ئىلگىرىكى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، تۇنجى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق جۇمھۇرىيىتى تاڭ قۇياشىنى كۈتۈۋېلىپ سەپەرگە ئاتلاندى، يول بويى تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يول بويى زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ ئىلگىرىلەپ، نۇرغۇن قېتىملىق غەلىبىنى بۇ قەدىمىي زېمىنغا پۈتتى.

70 يىلدىن كېيىن، يەنە بىر 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋالغان يېڭى ئۇزۇن سەپەر يولىدىكى خەلق جۇمھۇرىيىتى قايتا قوراللىنىپ قايتا سەپەرگە ئاتلاندى. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلغىنىغا 70 يىل بولغان تارىخىي پەيتتە، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن، خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئورتاق تەبرىكلەپ، ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ شان ـ شەرىپىدىن ئورتاق بەھرىلەندى!

ۋاقىت ئۇلۇغ پۈتۈكچى، ئۇ، بېسىپ ئۆتۈلگەن ئىزلارنى خاتىرىلەپ، تارىخ سەھىپىلىرىنى پۈتىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو زېمىنىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتىدە، ئۇلۇغ خەلقنىڭ قىياپىتىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىياپىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 70 يىللىق بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇساپە، 70 يىللىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش جەريانىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە يېتەكچىلىك قىلىپ جاپاغا چىداپ ئىشلەيدىغان ئىگىلىك تىكلەش مۇساپىسىنى ئېچىپ، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان قۇرۇلۇش دولقۇنىنى قوزغاپ، قايناm ـ تاشقىنلىق ئىسلاھات يولىنى ئېچىپ، دۇنياغا كەڭ قۇچاق ئېچىپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلىش مۆجىزىسى ۋە جەمئىيەت ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇش مۆجىزىسىنى ياراتتى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىنى بەلگە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇشتىن بېيىش، قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئىلگىرى قورسىقى تويمىغان، كىيىمى پۈتۈن بولمىغان كىشىلەر پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ؛ ئىلگىرىكى ھەم نامرات، ھەم قالاق جۇڭگو دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈردى؛ ئىلگىرىكى نامرات، ئاجىز مىللەت ئۇلۇغ گۈللىنىشنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۈتۈۋالدى. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ مەردانىلىك بىلەن جاكارلىغاندەك: «تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن جۇڭگو خەلقى بىر كونا دۇنيانى بۇزۇپ تاشلاشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر يېڭى دۇنيا قۇرۇشقىمۇ ماھىر. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى چەكسىز گۈزەل».

تۆمۈر سېپىلدەك ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلى، جاھاندا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى بۈگۈن. 70 يىلدىن بۇيانقى يېڭى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە شانلىق نەتىجىگە، ئەگرى ـ توقايلىق ۋە غەلىبىگە، بەدەل ۋە ھوسۇلغا تولغان. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق يۈكسەك باھا بەردى: «مەيلى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىدا بولسۇن ياكى دۇنيا تارىخىدا بولسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى جاھاننى زىلزىلىگە سالغان كۈرەش قىلىش تارىخىي داستانى».

2019 ـــ 1949، جاھاننى زىلزىلىگە سالغان بۇ كۈرەش قىلىش تارىخىي داستانى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقستى ۋە بۇرچىنى ئىسپاتلىدى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيانقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسىدۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلۇشى بىلەنلا ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، «جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش»تىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان. 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، مەيلى ئاجىز ياكى قۇدرەتلىك بولسۇن، مەيلى ئوڭۇشلۇق شارائىتتا ياكى ئوڭۇشسىز شارائىتتا بولسۇن، پارتىيە ئەسلىي مەقستىنى ئۆزگەرتمەي، ئىرادىسىدىن يانماي، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، غايەت زور قۇربانلىق بېرىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئەگرى ـ توقايلىققا يۈزلىنىپ، خاتالىقنى باتۇرلۇق بىلەن تۈزىتىپ، قارىماققا يەڭگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەللەرنى يېڭىپ، تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان نۇرغۇن دۇنياۋى مۆجىزىلەرنى ياراتتى. يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنىڭ تۈپ سەۋەبى، 70 يىللىق تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئىچكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلغانلىقىدىندۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، ئۇلۇغ ئىشلارغا ئىرادە باغلىغان خەلقنىڭ بۇ سىياسىي پارتىيىسى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تايانچى بولدى، باشتىن ـ ئاخىر گۈللىنىش مۇساپىسىدىكى قۇدرەتلىك رەھبەرلىك يادروسى بولدى.

2019 ـــ 1949، جاھاننى زىلزىلىگە سالغان بۇ كۈرەش قىلىش تارىخىي داستانىدا، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ كۈرەشى ۋە جۇشقۇن ھېسسىياتى نامايان قىلىندى. «خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى، خەلق بىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭ ئاساسىمىز.» يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ جاپالىق ئىشلەپ كۈرەش قىلغانلىقى ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنىڭ كوللېكتىپ ئەسلىمىسىگە ئايلاندى؛ سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى مەردانە قەدەم تەۋشى يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنىڭ ھەيۋەتلىك قەھرىمانلىق مېلودىيىسىگە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو خەلقىنىڭ بارلىقى جان تىكىپ كۈرەش قىلىشتىن كەلگەن، ئۇنىڭغا ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەملەنگەن، كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ جاپالىق قان ـ تەرى سىڭگەن. خەلقنىڭ قوللىشى ۋە ئىشەنچىسىگە تايىنىپ، «خەلق بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش، خەلق بىلەن جاپادىمۇ ـ ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇش، خەلق بىلەن بىللە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش» ئارقىلىق بىز دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، تارىختا يۈز كېلەلەيدىغان نەتىجىلەرنى پۈتتۇق. تارىخنى يارىتالايدىغان قىزغىن ھېسسىياتىمىز بار، ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان ئىقتىدارىمىز بار، داۋاملىق مۆجىزە يارىتالايدىغان ئىشەنچىمىز بار، يۈز مىليونلىغان خەلق يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلىسەكلا، چوقۇم خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى تېخىمۇ گۈللەنگەن، باي، قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرالايمىز.

2019 ـــ 1949، جاھاننى زىلزىلىگە سالغان بۇ كۈرەش قىلىش تارىخىي داستانىغا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شان ـ شەرىپى پۈتۈلگەن. يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىل سىجىل ئىزدىنىشى داۋامىدا، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 نەچچە يىللىق ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە، بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى بەرپا قىلدۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتۇق، جۇڭگودەك بۇنداق بىر چوڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئاسان ئەمەس، بىراق بىز ئەلا جاۋاب قەغەزنى تاپشۇردۇق. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى ئەمەلىيەت ئارقىلىق «تارىخ ئاخىرلىشىش تەلىماتى»نىڭ بەربات بولغانلىقىنى جاكارلىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا غەربچە تۈزۈم ئەندىزىسىنى پاناھ قىلىدىغان تاق لىنىيەلىك تارىخ قارىشىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 70 يىلدىن بۇيان شەكىللەنگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچى ۋە غايەت زور ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، يولىمىز ماڭغانسېرى كېڭەيدى، نەزەرىيەمىز ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، تۈزۈمىمىز كۈنسېرى پىشىپ يېتىلدى، مەدەنىيىتىمىز سىجىل گۈللەندى. تارىخ مۇقەررەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم جۇڭخۇا مىللىتىنى ئۇلۇغ گۈللىنىشكە يېتەكلەيدىغان بىر مۇقەررەر يول.

داغدام يولدا ماڭغاندىلا، دۇنيا خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ. بىر نامرات، ئاجىز، قالاق دۆلەتتىن تەرەققىي قىلىپ دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىشتا، جۇڭگونىڭ تايانغىنى سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ۋە مۇستەملىكە قىلىش، تالان ـ تاراج قىلىش بولماستىن، بەلكى باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىش بولدى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دىققىتىنى «ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىش»قا قارىتىپ، زامانىۋىلىشىش يېڭى يولىنى تېپىپ چىقتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، جۇڭگونىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 30% تىن ئېشىپ، ئۇدا 13 يىل دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى «بىرىنچى موتور»غا ئايلاندى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى قۇرۇش ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تېخىمۇ تۈرتكە بولۇپ، بىر چوڭ دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئوچۇق كۆڭلى ـ كۆكسىنى نامايان قىلدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى، نەزەرىيىسى، تۈزۈمى، مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش يولىغا مېڭىش يولىنى كېڭەيتىپ، دۇنيادىكى ھەم تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان، ھەم ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان ئاشۇ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنى يېپيېڭى تاللاش بىلەن تەمىنلەپ، ئىنسانىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا جۇڭگونىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە جۇڭگو لايىھەسىنى تەقدىم قىلدى. دۇنيانىڭ تەقدىرى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ قولىدا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تاللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگو خەلقى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى خالايدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)